# 344663 ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېز ئېسىگە ئېلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يولى قايسى؟

**سۇئال**

مېنىڭ قېيىنچىلىقىم: مەن بىر نەرسە سۆزلەپ ئۈنىڭغا ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ياكى پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن ياكى كىتابنىڭ تېكىستلىرىدىن ياكى شېئىرلاردىن ياكى باشقا مەنبەلەردىن دەلىل ئەكېلەي دېسەم، دەلىلنى دەرھال سۆزلەپ ئالالمايمەن، بەلكى ياد قىلغان جايلىرىمنى تېمىنىڭ بېشىدىن ئوقۇسام ئاندىن كەلتۈرەلەيمەن، بۇنىڭ چارىسى بارمۇ؟. بۇ ھەقتە مەسلىھەت بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھەقىقەتەن ئىلمى مەسىلىلەردە شاھىتلىققا دەلىلەرنى ھازىر قىلىش ئالىملار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بەك ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىشتۇر. دەلىلنى كەلتۈرۈش بولسا، ئېسىدە تۇتۇش قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىدۇ، دەلىل كەلتۈرۈشتە ئاجىز بولغانلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەلۇماتلىرى ۋە ياد قىلغانلىرىدىن پايدىلىنىشىمۇ ئاجىز بولىدۇ. دەلىللەرنى ھازىر قىلىش قابىلىيتىنى كۈچلاندۇرۇش ئۈچۈن:

بىرىنچى: ھازىر قىلىش قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈك بولىشى باشقا نېمەتلەرگە ئوخشاش ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان نېمەتتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان دۇئا قىلىپ يالۋۇرۇش بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىشى كېرەك، ئاللاھ تائالا خەلقىدىن خالىغان كىشىنىڭ ھازىر قىلىش كۈچىنى ئۆزى خالىغان نەرسە بىلەن زىيادە قىلىدۇ.

بەدىنىنىڭ باشقا تەرەپلىرىنى كۈچلاندۇرغاندەك، ھازىر قىلىش قابىلىيىتىنىمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ئۇسلۇب بىلەن كۈچلاندۇرۇش كېرەك، بۇنىڭ ئەڭ پايدىلىق يولىدىن بىرى: مۇزاكىرىنىڭ تېمىسىغا مۇناسىپ بولغان دەلىلنىڭ ئورنىنى ئىزدەش ۋە ئېسىدە بولغان نەرسىلەردە پىكىر قىلىشقا زېھنىنى مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە مۇزاكىرە قىلىش ئەڭ پايدىلىقتۇر.

ئۈچىنچى: ھازىر قىلىش قابىلىيتى دەرسلىك قىلىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، بۇ ياشتا ھازىر قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى سىزگە زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، ئەگەر سىز ئىلىم يولىدا سەبىر قىلسىڭىز، ياد قىلىش، چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى بىرگە ئېلىپ بارسىڭىز ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ھازىر قىلىش قابىلىيىتىڭىز ئاشىدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن يەنىمۇ كۈچلىنىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.